# مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتىڭلاردا مۇئەززىن دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىشىنى دەڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار

ئابدۇللاھ ىبن ئەمرۇ ىبن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتىڭلاردا مۇئەززىن دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىشىنى دەڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار. ھەقىقەتەن كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت-سالام يوللىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يازىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالادىن مەن ئۈچۈن بىر ۋاستىنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتتىكى ئالى مەرتىۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا كىشى لايىق بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ مەن بولۇشىمنى ئۈمىد قىلىمەن. كىمكى مەن ئۈچۈن ئۇ ئورۇننى سورىسا، ئۇ كىشىگە مېنىڭ شاپائىتىم ھالال بولىدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنى مۇئەززىنگە ئەگىشىپ -نامازغا كېلىڭلار ۋە نىجاتلىققا كېلىڭلار- دېگەن سۆزدىن باشقا سۆزلەرنى تەڭ تەكرارلاپ دېيىشكە، نامازغا كېلىڭلار ۋە نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەندە، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېيىشكە، ئەزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاشقا كۆرسەتمە بەردى. چۈنكى كىمكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىم دۇرۇت-سالام يوللىسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئون رەھمەت يېزىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىسىنى پەرىشتىلەرگە مەدھىيەلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۆزى ئۈچۈن ئۇستۇنلۈككە يېتىدىغان ۋاستىنى سوراشقا بۇيرىدى، ئۇ بولسىمۇ جەننەتتىكى ئەڭ ئالى مەرتىۋە بولۇپ، ئۇ ئالى ئورۇنغا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن پەقەت بىرلا كىشى لايىق بولىدۇ ۋە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كەمتەرلىك قىلىپ شۇ ئورۇنغا ئېرىشىدىغان كىشىنىڭ مەن بولۇشۇمنى ئۈمىت قىلىمەن دېگەن. بۇ ئالى مەرتىۋە پەقەت بىر كىشى ئۈچۈنلا بولىدىكەن، ئۇ بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن باشقىسى ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن ئالى مەرتىۋىنى تىلەپ دۇئا قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65087